# ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمىلىگە يارىشا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ

ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «كىمكى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوق، ئاللاھ يالغۇز، ئۇنىڭ ھېچ شىرىكى يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھنىڭ مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسىدىن بولغان، روھ ئاللاھدىن، جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمىلىگە يارىشا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: كىمكى تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ ئېيتسا ۋە تەقەززاسى بويۇنچە ئەمەل قىلسا جەننەتكە مۇشەررەپ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىقان، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئېكەنلىكىنى ئىتىراپ قىلغان كىشى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى دەسلەپتە: «بول» دېگەن، ئىنسان شۇ سۆز بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئۇنىڭ روھى بولسا ئاللاھ تائالا ياراتقان روھلاردىن بىر روھتۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى(مەريەم) يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا چاپلىغان بۆھتانلاردىن پاكتۇر. جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، ئۇ ئىككىسىنى ھازىرمۇ مەۋجۇت دەپ ئېتىقاد قىلدى، بۇ ئىككىسى ئاللاھنىڭ نېمىتى ياكى ئازابىدۇر. ئۇ كىشى شۇ ھالەتتە ۋاپات بولسا گەرچە تائەت-ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشتا كەمچىللىك سادىر بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرەتتە بارىدىغان ئورنى جەننەت بولىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3417